# يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

140 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، قىسمەن سۇ، توك، قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۆل ئەسلىھەلەر زىيانغا ئۇچرىدى.

يەر تەۋرەش يۈزبەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ھەم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى ئىزدەپ قۇتقۇزۇش، يارىلانغانلارنى جىددىي قۇتقۇزۇشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، تالاپەتنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىش كېرەك. ئازادلىق ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسىم يەرلىكنىڭ خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەك. ئىلمىي قۇتقۇزۇشنى يولغا قويۇشقا دىققەت قىلىپ، يەر تەۋرەش ئەھۋالىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئىككىلەمچى ئاپەت يۈزبېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش، قاتناش ـ ترانسپورت، خەۋەرلىشىش ئالاقىسىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى خەتەردىن ساقلاش، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى مۇۋاپىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. ھازىر دەل كەلكۈن مەزگىلى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ، كەلكۈن، تاغ جىسمى سىيرىلىپ چۈشۈش قاتارلىق ئاپەتلەر يۈزبېرىپ، ئادەملەرنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئالاقىدار رايونلاردىكى پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر خەلقنى مەركەز قىلىش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى پائال تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقىي يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: يەر تەۋرەش ئاپىتى ئەھۋالىنى چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، خەتەردىن، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، يارىلانغانلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، زىيانغا ئۇچرىغان قاتناش، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۆل ئەسلىھەلەرنى تېزدىن جىددىي رېمونت قىلىش كېرەك. ئاپەت ئەھۋالى ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئاپەت رايونىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش كېرەك. سۇچىلىق مىنىستىرلىقى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى، تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقى ئالاقىدار جايلارنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدىكى قاتتىق يامغۇرنىڭ تۈرلۈك ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، ياردەملىشىشى كېرەك.

شى جىنپىڭنىڭ يوليورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش مىنىستىرلىقى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى قاتارلىق تارماقلار خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئاپەت رايونىغا بېرىپ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەۋەتتى. تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقى، سۇچىلىق مىنىستىرلىقى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار يەرلىكنىڭ يەر تەۋرەش رايونىنىڭ ئەتراپىدىكى خەۋپ ـ خەتەر، يوشۇرۇن خەۋپ نۇقتىلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلماقتا. سىچۈەن ئۆلكىسى، يىبىن شەھىرى كۆۋرۈك، گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسلىرى ھەمدە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئەترىتى قاتارلىق كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ ھەم چېدىر، يوتقان، يىغما كارىۋات قاتارلىق ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئاپەت رايونىغا جىددىي يۆتكەپ توشۇماقتا. تۈرلۈك يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرى جىددىي، تەرتىپلىك ئىشلەنمەكتە.

# شى جىنپىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى تىرامپ بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككى تەرەپ جەزمەن بىز ھاسىل قىلغان ئورتاق تونۇشقا ئاساسەن، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا، ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىق، مۇقىملىقنى ئاساسىي رىتىم قىلغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. جۇڭگو ـ ئامېرىكا پۈتۈن يەر شارىدىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېتەكچىلىك رولىنى ئورتاق جارى قىلدۇرۇپ، 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى دابەن باشلىقلار ئۇچرىشىشىدا پائال نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۆرتكە بولۇپ، پۈتۈن يەر شارى بازىرىغا ئىشەنچ ۋە ھاياتىي كۈچ قوشۇشى كېرەك. مەن زۇڭتۇڭ ئەپەندى بىلەن 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرى دابەن باشلىقلار ئۇچرىشىشى مەزگىلىدە ئۇچرىشىش ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى خالايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىقتىساد ـ سودا مەسىلىسىدە، ئىككى تەرەپ باراۋەر سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، مۇھىمى بىر ـ بىرىنىڭ مۇۋاپىق كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. بىزمۇ ئامېرىكا تەرەپنىڭ جۇڭگو كارخانىلىرىغا ئادىل مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. مەن ئىككى دۆلەت ئىقتىساد ـ سودا ئۆمەكلىرىنىڭ ئىختىلاپلارنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا پىكىرلىشىپ تۇرۇشىغا قوشۇلىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۆرتكە بولۇش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل ئىگىلىدى. 28 ياشلىق ئالىيەگۈل يىپ ئېگىرىش ئىشچىسى بولۇپ، ئۇ خۇشال ھالدا ئۆزىنىڭ ھەر ئايدا 4000 يۈەن كىرىم قىلىدىغانلىقىنى، ھازىرقى خىزمىتىدىن ناھايىتى رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. چېن چۈەنگو ئۇنى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە، ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ بېيىشقا رىغبەتلەندۈردى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى، ئەلرايى قۇرۇلۇشى، ئۆل قۇرۇلۇش، تېخىمۇ ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىپ، كارخانىلارنىڭ قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو ئىدىقۇت رايونىدىكى GC002 خەلققە قولاي ساقچى پونكىتىغا كىرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقان خىزمەتچى خادىملارنى يوقلىدى، ھال سورىدى، ساقچى پونكىتىنىڭ يۈرۈشۈش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: خەلققە قولاي ساقچى پونكىتى ھەر مىللەت ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغدايدىغان مۇھىم ۋاستە، خەلققە قولايلىق يارىتىش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، خەلقنى كۆزلەشكە دائىر تەدبىرلەرنى يەنىمۇ بېيىتىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

قارىخان مەسچىتىدە، چېن چۈەنگو دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى، دىنىي ساھەدىكى كەڭ زاتلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش ئېسىل ئەنئەنىسىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتمىزدىكى دىنلارنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي بىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆگىنىپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى.

چېن چۈەنگو ئىدىقۇت رايونىنىڭ يار بازىرى يېڭىمەھەللە كەنتىگە كېلىپ، ئالىم تۇرسۇن، ساتتار زۇنۇن ئائىلىسىنى يوقلىدى، ھال سورىدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش، پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇش قاتارلىق ھەرقايسى جەھەتتىكى ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي سورىدى. چېن چۈەنگو ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ، كىرىم ئەھۋالىنى سوراپ، كەلگۈسى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، كۈنلىرىنى تېخىمۇ باياشات ئۆتكۈزۈشكە رىغبەتلەندۈردى. چېن چۈەنگو يەنە كەنت 1 ـ شۇجىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى پۇختىلاش، ئاممىۋى خىزمەت قاتارلىق ئەھۋاللار توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەم ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق ئەجرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئاساسىي قاتلام ئەمەلىيىتى كادىرلارنى يېتىشتۈرىدىغان، چېنىقتۇرىدىغان «مەشىق مەيدانى»، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاپالىق خىزمەت قىلىۋاتقان كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، توغرا بولغان ئادەم ئىشلىتىش يۆنىلىشىنى تۇرغۇزۇپ، مەسئۇل بولۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالىدىغان، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر، ئەمەلىي نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان مۇنەۋۋەر ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىدا، چېن چۈەنگو تۇرپان شەھىرىنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كەم ـ كوتىسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى، تۈپ ۋەزىپىسى ۋە كونكرېت نىشانىنى پۇختا ئىگىلەپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۆرتكە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى پارتىيەۋىيلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۆرتكە بولۇشتا نامايان قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، مۇقىملىق، تەرەققىياتقا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىككى قولدا تۇتۇپ، ئىككىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا تەۋرەنمەسلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشتا تەۋرەنمەسلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىشتە تەۋرەنمەسلىك، دىنلارنىڭ ئېجىل ـ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە تەۋرەنمەسلىك، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشتا تەۋرەنمەسلىك، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جارۇللا ھېسامىدىن بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

# ئاپتونوم رايون ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى تۇرپان شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىن شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى چۆرىدەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى تەرەققىياتى خىزمىتىنى خۇلاسىلىدى ۋە ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم يولى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا كۈچ قوشىدىغان ئۈنۈملۈك تەدبىر، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، ساياھەت ئىقتىسادىدا كۈچلۈك رايون قۇرۇشتىكى مۇھىم ۋەزىپە.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالدىن پىلانلاشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇل قۇرۇلۇشنى چىڭ تۇتۇپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسىنى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئومۇمىي يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، يېزىلارنىڭ ئۇلتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئاممىۋى مۇلازىمىتى ئاجىز بولۇشتەك كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك. بايلىقتىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇ تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى ساياھەتچىلىكنى ئاممىبابلاشتۇرۇش، كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش، سۈپەتلەشتۈرۈش ئىستېمال يۈزلىنىشىنى ئىگەلەشكە پائال يېتەكلەپ، تۈرلۈك بايلىق ئەۋزەللىكىنى تولۇق قېزىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلمىي پايدىلىنىپ، ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى ئېچىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۆلچەم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى پۇقراۋى قونالغۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، رايون ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك خاسلىققا ئىگە ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇ مەھسۇلاتىنىڭ سۈپەتلىك ماركىسىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. تەشۋىقات ماركېتىڭىنى كۈچەيتىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى ياڭرىتىشنى چۆرىدەپ، بىرتۇتاش تەشۋىق قىلىپ، ماركېتىڭنى كۈچەيتىپ، ساياھەت ئوبرازىنى ياخشى تىكلەش كېرەك. مەنپەئەت باغلىنىشىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ساياھەت پۇقراۋى قونالغۇسى تەرەققىياتى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار، نامرات ئائىلىلەرنى تەرەققىياتقا قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

# ئاپتونوم رايون زەھەر چەكلەش قەسەمياد يىغىنى ئۆتكۈزدى

**مۇخبىرلىرىمىز سۈي يۈنيەن، دۇڭ لياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «مەن شۇنداق قەسەم بېرىمەنكى، زەھەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمەن، ھاياتنى قەدىرلەپ، زەھەرنى توسۇپ، زەھەر چەكلەش كۈرىشى سېپىگە پائال ئاتلىنىمەن، باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممەمگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، زەھەر چەكلەش خەلق كۈرىشىدە قەتئىي غەلىبە قىلىمەن!» 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ «26 ـ ئىيۇن» خەلقئارا زەھەر چەكلەش كۈنى قەسەمياد يىغىنىدا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى زەھەر چەكلەش ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەلچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار، ئامما ھەم خەلق ساقچىلىرى ۋەكىللىرى كۆللىرىنى كۆتۈرۈپ قەسەم بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ قەسەمياد يىغىنىغا قاتناشتى.

قەسەمياد يىغىنىدا، 1445 كىلوگرام تۈرلۈك زەھەر كۆيدۈرۈلدى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ تەكلىپلىك زەھەر چەكلەش خەتتاتلىق ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەلچىلىرى ھەم ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ زەھەر چەكلەش ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەلچىلىرى تەكلىپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسىنىڭ 18 ئەزاسى تەكلىپ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ زەھەر چەكلەش ئاممىۋى پاراۋانلىق ئەلچىسى بولدى؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك زەھەر چەكلەش ئىشخانىسى «زەھەر چەكلەش ناخشىسىنى ياڭرىتىپ، ساغلاملىق يولدا ياخشى ماڭايلى» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، «زەھەر چېكىپ ئاپتوموبىل ھەيدەشنى رەت قىلىپ، بىخەتەر سەپەرگە چىقايلى» پائالىيىتىنى باشلىدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ زەھەر چەكلەش ئاممىۋى پاراۋانلىق ئېلانى تورغا چىقىرىلدى؛ يىغىنغا قاتناشقانلار زەھەر چەكلەش بويىچە ئىمزا قويۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى... قەسەمياد يىغىنىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، زەھەر چەكلەش تەشۋىقاتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى.

شۇ كۈنى، 13 ئالىي مەكتەپ ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەر زەھەر چەكلەش ئاممىۋى پاراۋانلىق ئىتتىپاقىغا كىردى، ئالىي مەكتەپ زەھەر چەكلەش پىدائىيلىرى ۋەكىللىرى «ھايات» ناملىق زەھەر چەكلەش ئاممىۋى پاراۋانلىق ناخشىسىنى ئېيتتى.

ئىگىلىنىشچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون زەھەر چەكلەش خىزمىتى سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، زەھەر چەكلەشنى نۇقتىلىق تۈزەش ۋە ئۆلگە كۆرسىتىش شەھىرى بەرپا قىلىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، «ئىككىگە زەربە بېرىش، ئىككىنى كونترول قىلىش» «توردا زەھەر تازىلاش» قاتارلىق مەخسۇس تۈردىكى ھەرىكەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، زەھەرنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرغان.

### ياڭ شىن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

# مەڭگۈ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى بولۇش

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي**
**بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **ۋاڭ نىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيە خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە سىستېمىسىدىكى مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى ئورگىنىدىكى كادىرلار دوكلاتنى ئاڭلىدى.

دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش چۆرىدىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردە شىنجاڭنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇش باش تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم ئورنى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، ئىلمىي سىستېمىسى، ئەمەلىيەت تەلىپى، تارىخىي تۆھپىسى، ئىلمىي ئۇسۇلى، خەلقچىل مەيدانىنى جەزمەن چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ھەم ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش تەكىتلەندى.

دوكلاتتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى جەزمەن بايرىقى روشەن ھالدا سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، چىرىكلىشىشكە پېتىنالمايدىغان، چىرىكلىشەلمەيدىغان، چىرىكلىشىشنى ئويلىمايدىغان بولۇشنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىشى، «ئۈچ تۈرلۈك ئىسلاھات»نى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىشى كېرەك؛ بەلگىلىمە بويىچە، ئىنتىزام بويىچە، قانۇن بويىچە بولۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، خىزمەتنىڭ قانۇنچىللىقى، قېلىپلىشىش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۆرتكە بولۇشى كېرەك.